


شەيخ سەئدى (ئىران)

# گۇلستان




شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

شەیخ سەئدی ( ئێران )

# گولستان

بۇ كىتاب 1971 - يىلى تېھراندا نەشر قىلىنغان پارسچە - ئىنگلىزچە نۇسخىسى بىلەن 1959 - يىلى موسكۋادا نەشر قىلىنغان پارسچە - رۇسچە نۇسخىسىغا ئاساسەن، 1980 - يىلى 1 - ئايدا خەلق ئەدەبىياتى نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان خەنزۇچە نۇسخىسىدىن پايدىلىنىپ تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

本书根据德黑兰1971年波英对照版本和莫斯科1959年波俄对照版本,并参考人民文学出版社1980年汉文版本翻译出版。

# گۈلىستان


ئاپتورى: شەيخ سەئدى

تەرجىمە قىلغۇچى: رەھمىتۇللا جارى

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئازات ئالماس

مەسئۇل كوررېكتورى: ئايگۈل سابىت

تەكلىپلىك كوررېكتورى: ياسىن زايىموف

مۇقاۋا لايىھىلىگۈچى: مۇھەممەت تۇرسۇننىياز نەۋبەت

نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 - نومۇر

تېلېفون: 0991—2827472

پوچتا نومۇرى: 830001

ساتقۇچى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى

باسقۇچى: شىنجاڭ يىبەيفېڭ مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتى

فورماتى: 880×1230 مىللىمېتىر 1/32

باسما تاۋىقى: 8

نەشرى: 2008 - يىلى 11 - ئاي 1 - نەشرى

باسمىسى: 2010 - يىلى 2 - ئاي 2 - بېسىلىشى

تىرازى: 5001—8000

كىتاب نومۇرى: ISBN 978—7—228—12016—1

باھاسى: 12.00 يۈەن

**图书在版编目(CIP)数据**

蔷微园：维吾尔文/(伊朗)萨迪著;热合莫托拉·加里译.—乌鲁木齐：新疆人民出版社，2008.11（2010.2 重印）
ISBN 978—7—228—12016—1

Ⅰ.蔷… Ⅱ.①萨…②热… Ⅲ.散文—作品集—伊朗—中世纪—维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.I373.63

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2008)第 172777 号

---

**责任编辑** 阿扎提·阿里玛斯
**责任校对** 阿依古丽·沙比提
**特约校对** 牙生·扎依莫夫
**封面设计** 买买提·努比提
**出版发行** 新疆人民出版社
**地　　址** 乌鲁木齐市解放南路 348 号
**电　　话** (0991)2827472
**邮　　编** 830001
**经　　销** 新疆维吾尔自治区新华书店
**印　　刷** 新疆翼百丰印务有限公司
**开　　本** 880×1230 毫米 1/32
**印　　张** 8
**版　　次** 2008 年 11 月第 1 版
**印　　次** 2010 年 2 月第 2 次印刷
**印　　数** 5001—8000 册
**定　　价** 12.00 元

---

# مۇندەرىجە

دىباچە ........................................... 1
بىرىنچى باب  پادىشاھلارنىڭ خۇلق ـ ئادىتى توغرىسىدا ... 18
ئىككىنچى باب  دەرۋىشلەرنىڭ ئەخلاقى توغرىسىدا............ 68
ئۈچىنچى باب  ئازغا قانائەت قىلىشنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا...109
تۆتىنچى باب  سۈكۈت قىلىشنىڭ پايدىسى توغرىسىدا ...... 142
بەشىنچى باب  ئىشق ۋە ياشلىق توغرىسىدا ................ 151
ئالتىنچى باب  زەئىپلىك ۋە قېرىلىق توغرىسىدا............ 170
يەتتىنچى باب  تەربىيىنىڭ تەسىرى توغرىسىدا.............. 178
سەككىزىنچى باب  ئۆزئارا مۇناسىۋەت قائىدىلىرى
توغرىسىدا ........................................... 206
خاتىمە ............................................ 245

试读结束：需要全本请在线购买： www.ertongbook.com

# دىباچە

(مۇقەددىمە)

## بسم الله الرحمن الرحيم

(شەپقەتلىك ، مېھرىبان ئاللانىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

## 1

قۇدرەتلىك ۋە ئۇلۇغ خۇداغا مىننەتدارلىق بولسۇنكى ، ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىش يېقىنلىققا سەۋەب بولىدۇ ، شۇكۇرنى بەجا كەلتۈرۈش بىلەن نېمەت كۆپىيىدۇ ؛ ھەر نەپەس بەدەنگە سۈمۈرۈلگەندە ، ئۇ ئۆمۈرنى ئۇزارتىدۇ ، سىرتقا چىقىرىلغاندا ، تەنگە ھۇزۇر بېغىشلايدۇ . شۇنداق ئىكەن ، ھەر نەپەستە ئىككى نېمەت مەۋجۇت ۋە ھەربىر نېمەت ئۈچۈن شۇكۇر لازىم

كىمنىڭ بار قولى ھەم تىلىدا ئىمكان ،
چىققىلى شۇكۇرنىڭ ئەھدىدىن ئاسان ؟

«ئەي داۋۇد خانىدانى ! شۇكۇر قىلىڭلار ، ھالبۇكى ، بەندىلىرىم ئىچىدە شۇكۇر قىلغۇچىلار ئاز .»①

ياخشىدۇر بەندىگە ئۆز قۇسۇرى ئۈچۈن
كەچۈرۈم سورىسا خۇدا ئالدىدا .
ئۇنداق بولمىغاندا خۇداغا لايىق ،
شۇكۇرنى ھېچ ئادەم قىلالماس ئادا .

---

① «قۇرئان كەرىم» 34 ـ سۈرە ، 13 ـ ئايەت .

ئۇنىڭ ھېسابسىز رەھمەت يامغۇرى ھەممە يەرگە تەڭ چۈشىدۇ؛ مول نېمەتلىك سېخىي داستىخىنى ھەممە جايغا سېلىنغان. ئۇ بەندىلىرىنىڭ نومۇس پەردىسىنى قاتتىق گۇناھ سەۋەبى بىلەن يىرتىپ تاشلىمايدۇ، كۇندىلىك رىزقى ـ نېسىۋىسىنى نالايىق خاتالىقلار سەۋەبى بىلەن توختىتىپ قويمايدۇ.

ئەي كەرەم ئىگىسى، غايىب خەزىنەڭدىن
بەھرىمەن قىلىسەن گەبر، تەرسانى.[1]
دۇشمەنلەرگىمۇ نەزىرىڭ چۈشەر،
قۇرۇق قويمايسەن دوست ـ ئاشنانى.

ئۇ تاڭ شامىلى — فەرراشقا[2] زۇمرەت گىلەملەر سېلىشنى بۇيرۇدى ۋە ئىنىكئانا — باھار بۇلۇتىغا زېمىن بۆشۈكىدىكى ئۆسۈملۈكلەر قىزلىرىنى (ياش مايسىلارنى) پەرۋىش قىلىشنى تاپشۇردى؛ دەرەخلەرنى نورۇزلۇق كىيىم بىلەن — يېشىل ياپراق تون بىلەن كىيىندۇرۇپ، ئۇششاق بالىلىرىنىڭ — شاخ ـ پۇتاقلىرىنىڭ بېشىغا باھار پەسلىنىڭ قەدەم تەشرىپ قىلىشى مۇناسىۋىتى بىلەن گۈل تاجلارنى قويدى؛ ھەسەل ھەرىسىنىڭ ئاغزىدىن يانغان قۇسۇق ئۇنىڭ قۇدرىتى بىلەن ئەڭ ياخشى ھەسەلگە ئايلىنىدۇ؛ خورما ئۇرۇقى ئۇنىڭ تەربىيىسى بىلەن ئېگىز دەرەخ بولۇپ قەد كۆتۈرىدۇ.

بۇلۇت، شامال، ئاي، كۈن، ئاسمان ساڭا خىزمەتتە،
ئەگەر بىر نان كەلسە قولغا، يېمە غەپلەتتە.
ئەتراپىڭدا پەرمانبەردار ھەممە سەن ئۈچۈن،
ئىنساپسىزلىق، ھەق ئەمرىدىن قاچساڭ، ئەلۋەتتە.

رىۋايەت قىلىنىشىچە، كائىناتنىڭ باشچىسى، مەۋجۇداتنىڭ پەخرى، ئالەم خەلقىنىڭ شەرەپ ـ شانى، ئادەملەرنىڭ سەرخىلى، زاماننىڭ كامالەتكە تولغان كىشىسى مۇھەممەت

① گەبر — ئوتقا چوقۇنىدىغان بۇتپەرەس؛ تەرسا — خرىستىئان.
② فەرراش — يەر سۈپۈرگۈچى ھەم تۆشەك سالغۇچى خىزمەتكار.

ئەلەيھىسسالامدىن —

شاپائەتچى ، ئەلچى ، سېخىي ، بىغۇبار ،
كەرەملىك ، ئۇلۇغۋار ، ئەزىز ، مۇھرىدار .①

نەغەم ئۇممەتكە قورغاندىن سېنىڭدەك باشپاناھ تۇرسا ؟
دېگىنىز دولقۇنلىرى خەۋپسىز ، ئەگەر نۇھ كېمە باشقۇرسا .②

يەتتى يۇكسەككە ئۆز كامالى بىلەن ،
يەڭدى زۇلمەتنى نۇر جامالى بىلەن .
نەپىس ھەم كۆركەم ئۇندا بار خىسلەت ،
دۇئا قىلىڭ ئاڭا ، ئەھلى ئايالى بىلەن .

— بىزگە يېتىپ كەلگەن ھەدىستە مۇنداق دېيىلىدۇ : قاچاندا بولمىسۇن ، تۇرمۇشى پەرىشان گۇناھكار بەندىلەردىن بىرى قوبۇل قىلسا دېگەن ئۇمىد بىلەن ئۇلۇغ ۋە بۈيۈك خۇدانىڭ دەرگاھىدا توۋىغا قول كۆتۈرسە ، ئەمما ئاللاتائالا ئۇنىڭغا نەزەر قىلمىسا ، ئۇ يەنە كەچۈرۈم سورايدۇ ، ئاللاتائالا ئىككىنچى قېتىم رەت قىلسا ، ئۇ ئادەم يىغا - زارە بىلەن يەنە يالۋۇرىدۇ . شۇندىن كېيىن ئاللاتائالا ئېيتىدۇ :

«ئەي پەرىشتىلىرىم ، بەندەمدىن راستىنلا ئۇيالدىم ، چۈنكى ئۇنىڭ مەندىن باشقا پەرۋەردىگارى يوق ؛ شۇنداق ئىكەن ، ئۇنىڭ گۇناھىدىن ئۆتتۈم ، ئۇنىڭ دۇئاسىنى قوبۇل قىلدىم ، ئۇنى ھاجەتتىن چىقاردىم ، چۈنكى بەندىنىڭ كۆپ دۇئا ۋە يىغا - زارىسىدىن ئۇيىلىمەن» .

قارا ، بۇ خۇدا قانچىلىك رەھىمدىل ،
گۇناھنى قىلار بەندە ، ئەمما ئۇ خىجىل .

ئۇنىڭ ئۇلۇغلۇق كەئبىسىدە مۇقىم رىيازەت چەككۈچىلەر

① مۇھرىدار — ئەرەبچە «ۋەسىم» — دۈمبىسىگە پەيغەمبەرلىك مۆھرى بېسىلغان دېگەن مەنىدە بولۇپ ، بۇ مۇھەممەت پەيغەمبەرنىڭ بىر سۈپىتى .

② رىۋايەتتە ئېيتىلىشىچە ، نۇھ پەيغەمبەر ئادەم ۋە ھايۋانلارنى كېمىگە سېلىپ توپان بالاسىدىن قۇتۇلدۇرۇپ قالغان .

ئۆزلىرىنىڭ تولۇق ئىبادەت قىلالمىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىپ : «ساڭا لايىقىدا ئىبادەت قىلالمىدۇق» دېيىشىدۇ . ئۇنىڭ جامالىنى تەئرىپ قىلغۇچىلار ھەيرەتتە قېلىپ : «بىز سېنى تېگىشلىك دەرىجىدە تونۇيالمىدۇق» دېيىشىدۇ .

گەر كىشى ۋەسپىنى مەندىن سورىسا ،
نېمەدۇر بىر دىلسىز ، بولمىسا نىشان ؟①
ئاشىقلار مەشۇقنىڭ قۇربانى تۇرسا ،
ئۆلۈكتىن كەلمەيدۇ ئاۋاز ھېچقاچان .

بىر تەقۋادار② بېشىنى ياقىسىغا چۆكۈرۈپ ھەقىقەت دېڭىزىغا غەرق بولغانىدى ، ئۇ بۇ ھالەتتىن ئۆزىگە كەلگەندە ، دوستلىرىدىن بىرى چاقچاق قىلىپ : «سەن سەيلە قىلغان بوستاندىن بىزگە نېمە تۆھپە - كارامەت ئېلىپ كەلدىڭ ؟» دەپ سورىدى . «ئېسىمدىكى ، — دېدى تەقۋادار ، — گۈلنىڭ قېشىغا بېرىش بىلەنلا ئېتىكىمنى (گۈل بىلەن ) تولدۇرۇپ ، دوستلىرىمغا ھەدىيە قىلاي دېگەنىدىم ، ئەمما يېتىپ بارغىنىمدا گۈلنىڭ ھىدى مېنى شۇنداق مەست قىلدىكى ، ئېتىكىم قولۇمدىن چىقىپ كەتتى» .

ئەي سەھەرنىڭ بۇلبۇلى ئىشقنى ئۆگەن پەرۋانىدىن ،
ئۇ كۆيۈپ ئايرىلدى جاندىن ، يوق ئۈنىڭدىن ھېچ ئەسەر .
ئىشقنى دەۋا قىلغۇچىلار ماھىيەتتىن بىخەۋەر ،
تەھتىگە يەتكەن كىشىدىن كەلمىگەي قايتا خەۋەر .

خىيال - قىياس ، ئوي - پەرەزدىن ئۈستۈنسەن خۇدا ،
ئېيتىلغاندىن ، ئاڭلىغاندىن ، ئوقۇغاندىن ھەم .
مەجلىس تۈگەپ ، ئۆمرىمىزمۇ ئاخىرغا يەتتى ،
ۋەسپىڭدە بىز باشلانغۇچتا قالدۇق تا بۇ دەم .

---

① بۇ مىسرا : «كۆڭلىدىن ئايرىلغان ئاشىق خۇدانىڭ بەلگە - نىشانى بولمىسا ، ئۇنىڭ ھەققىدە نېمە دەپ بېرەلەيدۇ ؟» دېگەن مەزمۇندا .

② ئەسلىي تېكىستتە «صاحبدل» (دىل ئىگىسى) . بۇ سۆز «پاك دىل» ، «تەقۋادار» ، «دانىشمەن» دېگەن كۆچمە مەنىلەردە قوللىنىلماقتا . بىزمۇ ئورنىغا قاراپ قوللاندۇق .

## 2

## ئىسلام پادىشاھى ئاتابەك ئەبۇ بەكر ئىبنى سەئىد ئىبنى زەنگى (ئۇنىڭ سەلتەنتى ئەبەدىي بولسۇن) نىڭ ياخشى سۈپەتلىرى بايانىدا

سەئدىنىڭ ياخشى گېپى ئەل ئاغزىدا جاراڭلىماقتا، ئۇنىڭ سۆزىنىڭ شۆھرىتى يەر يۈزىگە پۇر كەتكەن، ھېكايىلىرىنىڭ شېرىن مېۋىلىرىدىن خەلق خۇددى شېكەر يېگەندەك لەززەتلەنمەكتە، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ ئايرىم قولىيازمىلىرى ئالتۇن ئاقچىدەك قولدىن - قولغا ئۆتمەكتە. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ كامالىتى، ئىستېداتى ۋە بالاغىتىگىلا باغلىق ئەمەس، بەلكى شۇنىڭغىمۇ باغلىقكى، جاھاننىڭ ئىگىسى، زامان دائىرىسىنىڭ ئوق مەركىزى، سۇلايماننىڭ[1] ئىزباسارى، دىن ئەھلىنىڭ ھىمايەتكارى ئۇلۇغ شاھىنشاھ ئاتابەك مۇزەففەرەددىن ئەبۇ بەكر ئىبنى سەئد ئىبنى زەنگى[2] (خۇدانىڭ يەر يۈزىدىكى سايىسى — ئەي پەرۋەردىگار، ئۇنىڭدىن رازى بول ھەم ئۇنى رازى قىل!) سەئدىگە غەمخورلۇق كۆزى بىلەن قارىدى، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى تولۇق ياقتۇردى ۋە سەممىي ئىلتىپات كۆرسەتتى، نەتىجىدە خاس ئاۋام ھەممە كىشى سەئدىگە مۇھەببەت بىلەن قارايدىغان بولدى، چۈنكى «خالايىق ئۆز پادىشاھلىرىنىڭ كۆزقارىشىغا ئەگىشىدۇ»[3].

مەن مىسكىنگە نەزىرىڭ چۈشكەندىن بۇيان،
ئەسەرلىرىم بولدى كۈندىنمۇ ئايان.
گەرچە كۆپ مەن قولدا كەمچىلىك - نۇقسان،
ھەر ئەيىبمۇ ھۈنەردۇر، ياقتۇرسا سۇلتان.

---

① سۇلايمان — سۇلايمان پەيغەمبەر داۋۇد پەيغەمبەرنىڭ ئوغلى. بەزى رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، پارس زېمىنى سۇلايمان پادىشاھلىقىنىڭ مەركىزى قىسمى بولغان.

② مۇزەففەرەددىن ئەبۇ بەكر ئىبنى سەئد ئىبنى زەنگى (1226 - 1258) پارس ھۆكۈمدارى، سەئدىنىڭ ھىمايىچىسى.

③ بۇ جۈملە — ئەرەب ماقالىسى.

قولۇمغا بىر كۈنى هامامدا بەردى ،
ئاجايىپ خۇش پۇراق بىر گىلنى[1]دوستۇم .
دېدىم بۇ گىلگە : «سەن ئىپارمۇ ـ ئەنبەر ؟
ھىدىڭدىن مەست بولۇپ شادلاندى كۆڭلۈم !»

دېدى ئۇ : «مەن ئىدىم بىر پارچە چالما ،
ۋە لېكىن بىر مەھەل گۈل بىرلە تۇردۇم .
ماڭا يۇقتى ئۇنىڭ خىسلەت ـ كامالى ،
بۇ خىسلەت يۇقمىسا ، تۇپراقتا ئورنۇم» .

ئەي ئاللا ، ئۇنىڭ ئۆمرىنى ئۇزۇن قىلىش ئارقىلىق مۇسۇلمانلارنى بەختىيار قىل ؛ ئۇنىڭ ياخشى قىلىقلىرى ۋە ياخشى ئىشلىرىنىڭ ساۋابىنى نەچچە ھەسسە كۆپەيتكىن ؛ دوستلىرى ۋە ئەمەلدارلىرىنىڭ مەرتىۋىسىنى يۇقىرى كۆتۈرگىن ؛ قۇرئاندا ئوقۇلغان ئايەتلەر ھەققى ـ ھۆرمىتى ئۈچۈن ، ئۇنىڭ دۈشمەنلىرىنى ۋە قارا نىيەت رەقىبلىرىنى يەر بىلەن يەكسان قىل ؛ ئەي خۇدا ، ئۇنىڭ مەملىكىتىنى ئامان قىل ، بالا ـ چاقىلىرىنى ئۆز پاناھىڭدا ساقلا .

ئۇ بىلەن دۇنيا گۈزەل ، كۈلسۇن ئۇنىڭ بەختى ئەبەد ،
ھەقتائالا ئۇنى كۈچلۈك ئەيلىسۇن نۇسرەت بىلەن .
بولسا يىلتىز ئۇ ئەگەر ، ئاينىيدۇ تېزلا ياش كۆچەت ،
ئۇرۇقى بولسا ئېسىل ، ئۆسكەي گىياھ زىننەت بىلەن .

ئۇلۇغ ۋە مۇقەددەس تەڭرى شىرازنىڭ[2]پاك تۇپرىقىنى ئادىل ھاكىملارنىڭ تەسىر كۈچى بىلەن ھەمدە ئىشچان ئالىملارنىڭ ھىممىتى بىلەن قىيامەت كۈنىگىچە ئامانلىقتا ساقلىسۇن !

يوق زامانىنىڭ ئاپىتىدىن پارس ئىقلىمىدە غەم ،
ئۈستىدە بولسا سېنىڭدەك بىر ئىلاھىي سايىۋەن .

① گىل — قىزىل توپا . قەدىمكى چاغلاردا كىشىلەر هامامدا يۇيۇنغاندا گىلدىن ياسالغان چالمىنى بەدىنىگە سۈرتەتتى .
② شىراز — ئىراندىكى قەدىمكى بىر شەھەر ، سەئدىنىڭ يۇرتى .



试读结束：需要全本请在线购买： www.ertongbook.com

يەر يۈزىدە ئۇشبۇ كۈن ھېچكىم بىرەلمەيدۇ نىشان ،
ئىشىك ئالدىڭدىن بۆلەك ھېچ يەردە يوق دارىلئامان .
ئاسرىماق زىممەڭدىدۇر بىچارىلەرنىڭ كۆڭلىنى ،
شۈكۈر بىزدىن ، ئەجرى بەرمەك ھەقتائالادىن ھامان .
ساقلا ، تەڭرى ، پىتنە - جۇدۇندىن پارس تۇپراقىنى ،
تا جاھاندا بارئىكەن تۇپراق بىلەن شامال - بوران .

## 3

## كىتابنىڭ يېزىلىش سەۋەبى

بىر كېچە ئۆتۈپ كەتكەن كۈنلىرىمنى ئويلاپ ، زايە بولغان ئۆمرۈمگە ئېچىندىم - دە ، دىل سارايچىسىنىڭ تاشلىرىنى كۆز يېشىمنىڭ ئالماسلىرى بىلەن تەشتىم ۋە ئۆز ھالىمغا مۇناسىپ مۇنۇ بېيىتلارنى ئېيتتىم :

ئۆمۈرنى تۈگىتەر ھەر نەپەس ، ھەر ئان ،
قارىسام ئۆتكەندىن كۆپى قالمىغان .
ئەي كىشى ئۇيقۇدا كەتتى ئەللىك يىل ،
بۇ قالغان بەش كۈننى سەن غەنىيمەت بىل .
شۇ كىشى خىجىلدۇر ، كەتسە ئىش قىلماي ،
كۆچۈش ۋاقتى يەتسە يۈكى ئارتىلماي[1] ،
ھارغان چاغ شېرىندۇر ئۇيقۇ سەھەردە ،
ياياقنى قالدۇرار يولدىن سەپەردە .
كىمكى يېڭىدىن سالسا ئىمارەت ،
ئۇ كېتىپ ، باشقىسى كۆرىدۇ راھەت .
ۋە لېكىن باشقىدا يەنە شۇ ھەۋەس ،
ھېچكىم بۇ بىنانى پۈتتۈرگەن ئەمەس .
بىۋاپا دوست بىلەن بولمىغىن ئاشنا ،
بۇ خائىن دوستلۇققا يارىماس ئەسلا .

① ئەسلى تېكىستتە : «كۆچۈش دۇمبىقى چېلىنسا ، يۈكى تېخى ئارتىلمىسا» .

ياخشىمۇ ، يامانمۇ ئۆلەر ئاقىۋەت ،
ياخشى ئىش قىلغانلار تاپار سائادەت .
لازىملىقنى گۆرگە سەن ئۆزۈڭ ماڭدۇر ،
ئارقاڭدىن ئەۋەتمەس ، ماڭغۇزغىن بالدۇر .
ئۆمۈر قار گوياكى تومۇز كۈنىدە —
ئاز قالدى ، ئىگىسى مەغرۇر كۆلكىدە .
ئەي كىشى بازارغا بارسەن پۇل يوق ،
قورقىمەن ياغلىقىڭ قايتارمۇ قۇرۇق .
ئاشلىقنى خام ئورۇپ يەپ بولسا ھەركىم ،
خامانىڭ ۋاقتىدا باش تېرىش لازىم .

ئاشۇ بېيىتلارنىڭ مەنىسىنى مۇلاھىزە قىلىپ كۆرگەندىن كېيىن ، مەن خىلۋەت بىر جايغا ئورۇنلىشىۋېلىپ ، كىشىلەر بىلەن باردى ـ كەلدى قىلىشنى توختىتىشنى ، دەپتەرنى بىھۇدە گەپ ـ سۆزلەردىن تازىلاشنى ۋە بۇنىڭدىن كېيىن بىھۇدە سۆزلىمەسلىكنى ماقۇل كۆردۈم .

بىر بۇلۇڭدا ئۈندىمەي تۇرغان كېسىك تىل ، گاس قۇلاق ، تىلنىڭ تىزگىنى يوق ۋات ـ ۋات ئادەمدىن ياخشىراق .

(شۇ پەيتتە ) بىر كاجۇىدا مۇڭداش[1] ۋە بىر ھۇجرىدا ساۋاقداش بولۇپ ئولتۇرغان دوستلىرىمدىن بىرى ئىشىكىمدىن كىرىپ كەلدى ـ دە ، بىردىنلا چاقچاق باشلاپ ، قىزىقچىلىق بىساتىنى يايدى . مەن ئۇنىڭغا جاۋاب بەرمىدىم . ئىبادىتىمنى داۋاملاشتۇرۇپ ، بېشىمنى تىزىمدىن ئالمىدىم . ئۇ رەنجىگەن ھالدا ماڭا قارىدى ـ دە ، دېدى :

«گەپ ئاچقىن بۇرادەر خۇشاللىق بىلەن ،
بۇگۈن سۆز قىلىشقا بار ئىمكان ساڭا .
تىلىڭنى يىغارسەن بولۇپ نائىلاج ،
ئەجەل يەتسە ئەتە پۇشايمان ساڭا .»

---

① بىر كاجۇىدا مۇڭداش بولۇش — سەپەرداش بولۇش مەنىسىدە . بىر تۆگىنىڭ ئىككى يېنىغا ئىككى كاجۇا ئارتىلىپ ، ئىككى ئادەم ئولتۇرىدۇ .

يېقىن كىشىلىرىمدىن بىرى بۇ ۋەقەنىڭ ئەسلىي ماھىيىتىنى چۈشەندۈرۈپ : «بۇ ئادەم قالغان ئۆمرىنى ئېتىكاپتا ئولتۇرۇش① بىلەن ئۆتكۈزۈشكە قارار قىلدى ۋە سۆز ئاچماسلىققا نىيەت قىلدى . قولۇڭدىن كەلسە ، سەنمۇ ئەقلىڭنى ئىشلىتىپ ، كىشىلەر بىلەن ئارىلاشماسلىق يولىنى تۇتقىن !» دېۋىدى ، دوستۇم مۇنداق دېدى : «خۇدانىڭ ئۇلۇغلۇقىنىڭ ھەققى - ھۆرمىتى ۋە بىزنىڭ قەدىناسلىقىمىزنىڭ ھەققى ئۈچۈن (قەسەم قىلىمەنكى) ، تاكى بۇرۇنقى ئادىتىمىز بويىچە ۋە قەدىمدىن كېلىۋاتقان قائىدىگە مۇۋاپىق بىرەر سۆز ئېيتىلمىغۇچە دېمىمنى ئالمايمەن ۋە بىر قەدەم نېرى سىلجىمايمەن . چۈنكى دوستلارنى رەنجىتىش نادانلىق ، قەسەمنىڭ گۇناھىنى يۇيۇش ئاسان ، ئەلىنىڭ زۇلپىقارى② قىنىدا تۇرسۇن ، سەئدىنىڭ تىلى ئاغزىنىڭ ئىچىدە بولسۇن دېيىش ئاقىلانىلىك ئەمەس ۋە دانىشمەنلەرنىڭ پىكرىگە خىلاپ .»

ئەي ئاقىل ، نېمەدۇر ئېغىزدىكى تىل ؟
ئۇ پەن ئەھلىنىڭ خەزىنە ئاچقۇچى .
ئېتىك بولسا ئىشىكى بىلەمدۇ كىشى
دورىگەرمۇ ئۇندا ، گۆھەر ساتقۇچى ؟

گەرچە دانا ئېيتۇر : سۈكۈت ساقلاش ئەدەب ،
زۆرۈر چاغدا سۆزلەشكە سەن ھەر دەم تىرىش .
ئىككى نەرسە ئەقلسىزلىق : زۆرۈر چاغدا —
سۆزلىمەسلىك يا بىمەزگىل چەكتىن ئېشىش .

قىسقىسى ، تىلىمنى سۆزدىن تارتىشقا قادىر بولالمىدىم ۋە ئۇنىڭ سۆھبىتىدىن يۈز ئۆرۈشنى ئادەمگەرچىلىك دەپ بىلمىدىم ، چۈنكى ئۇ ياخشى بۇرادىرىم ۋە سادىق دوستۇم ئىدى .

---

① ئېتىكاپتا ئولتۇرۇش — مەلۇم مۇددەت جايىدىن قوزغالماي ئىبادەت قىلىش .
② ئەلىنىڭ زۇلپىقارى — رىۋايەت بويىچە ، مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ كۈيئوغلى ئەلىنىڭ قىلىچى ھەمىشە جەڭدە ئىشقا سېلىنىپ ، قىنىدا تۇرمىغانلىقى بىلەن داڭق چىقارغان .

ئەگەر جەڭچى بولساڭ ، كېرەك جەڭ ئېچىش ،
كېرەكتۇر يېڭىش ياكى بەزەن قېچىش .

ئاخىر بولماي ، ئۇنىڭ بىلەن سۆزگە كىرىشىپ قالدۇق ۋە سەيلە ـ تاماشا ئۈچۈن شەھەرنىڭ تېشىغا چىقتۇق . بۇ باھار پەسلى بولۇپ ، سوغۇقنىڭ كۈچى قالمىغانىدى ۋە گۈللەرنىڭ سەلتەنەت سۈرىدىغان ۋاقتى كەلگەنىدى .

چوكان تاللار كىيىشىپتۇ يېشىل كۆڭلەك ،
بەختىيارلار خۇددى ھېيتقا ياسانغاندەك .

جالال ئېيى[1] ئۇرد بېھىشت[2] بېشى ئىدى ،
شاخ ـ شاخلاردا بۇلبۇل ئەجەب كۈيلەر ناۋا .
قىزىل گۈلگە ئۈنچە ـ شەبنەم خوپ ياراشقان ،
جانانلارنىڭ مەڭزىدىكى تەردەك گويا .

كىچىنى بىر دوستىمىزنىڭ باغچىسىدا ئۆتكۈزۈشكە توغرا كەلدى . بۇ كىشىنىڭ بەھرىنى ئاچىدىغان خۇش ھاۋالىق بىر جاي ئىدى . كۆڭۈلنى تارتىدىغان باراقسان دەرەخلەر بىر ـ بىرىگە چىرمىشىپ كەتكەنىدى . بۇ جاينى بىر كۆرسەڭ ، ئۇنىڭ تۇپرىقىغا رەڭمۇرەڭ شىشە پارچىلىرى تۆكۈلۈپتۇ ، تەكلىرىگە ھۆكەر يۇلتۇزى ئېسىلىپتۇ ، دېگەن بولاتتىڭ .

بىر باغكى ، ئېرىقتا ھاياتبەخش سۇ ،
شاخلاردا قۇشلار نەغمىسى ياڭراق .
چىمەنلەر لالىلارغا لىق تولغان ،
خىلمۇخىل مېۋىلەرگە باي ھەر ياق .
دەرەخلەر ئاستىدا غۇر ـ غۇر شامال ،
گىلەمدەك بېزەلگەن گۈزەل تۇپراق .

① جالال ئېيى — ئىرانلىقلاردا 11 ـ ئەسىردە ئىشلەنگەن بىرخىل يىل ھېسابى كالېندارى . بۇ كالېندارنى مەشھۇر شائىر ئۆمەر ھەييام يېتەكچىلىكىدە بىر گۇرۇپپا ئاسترونوملار ئىسفاھان رەسەتخانىسىدا ئىشلەپ چىققان . بۇ كالېندار سەلجۇقىيلارنىڭ سۇلتانى جالالىدىن مالىك شاھنىڭ (1070 ـ 1092 ) تەشەببۇسى بويىچە تۈزۈلگەچكە ، ئۇنىڭ تەختكە ئولتۇرغان ۋاقتىدىن باشلىنىدۇ . شۇڭا «جالال دەۋرى» ، «جالال ئېيى» دەپ ئاتالغان .

② ئۇرد بېھىشت — ئىراننىڭ كونا يىل ھېسابى بويىچە باھارنىڭ 2 ـ ئېيى .

ئەتىسى ئەتىگەن ئۆيگە قايتىش پىكرى تۇغۇلۇپ، بۇ پىكىر بۇ يەردە ئولتۇرۇش خاھىشىمىزدىن ئۇستۇن كېلىپ قالدى. قارىسام، دوستۇم شەھەرگە ئەكېتىش ئۈچۈن ئېتەكىنى گۈل ۋە رەيھان، سۇمبۇل ۋە قىزىل چېچەكلەر بىلەن تولدۇرۇپ كەپتۇ. مەن ئۇنىڭغا دېدىم: «بوستاننىڭ گۈللىرىنى ئۆزۈڭ بىلىسەن، ئۇزۇن تۇرمايدۇ، گۈلىستان مەۋسۇمىنىڭ ۋاپاسى يوق. دانالار ئېيتقانكى، ‹ئۇزۇن تۇرمايدىغان نەرسىگە كۆڭۈل بەرمەسلىك لازىم›» ئۇ دېدىكى: «ئەمىسە، ئىشنىڭ يولى قانداق؟» مەن دېدىم: «كىتاب كۆرگۈچىلەرنىڭ زوقلىنىشى ۋە ئارزۇ قىلغۇچىلارنىڭ ھوزۇرلىنىشى ئۈچۈن مەن گۈلىستان كىتابىنى يېزىپ چىقىشقا قادىرمەنكى، ئۇنىڭ ۋاراقلىرىغا كۆز شامىلىنىڭ رەھىمسىز قولى قەست قىلالمايدۇ، يىل پەسىللىرىنىڭ ئايلىنىپ تۇرۇشى ئۇنىڭ باھارىنىڭ پەيزىنى كۆز پەسلىنىڭ كۆڭۈلسىزلىكىگە ئۆزگەرتەلمەيدۇ.

نە پايدا گۈلدىن ئالساڭ بىر تاۋاق؟
گۈلىستانىمدىن ساقلا، بىر ۋاراق.
گۈلنىڭ ئۆمرى ئۇزۇن بولمايدۇ،
بۇ گۈلىستان مەڭگۈ سولمايدۇ.»

شۇ سۆزنى قىلىۋىدىم، ئۇ ئېتىكىدىكى گۈلنى يەرگە تۆكتى ـ دە، پېشىمگە ئېسىلىپ: «سېخىي ئادەم ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىدۇ!» دېدى. شۇ كۈنىلا «مۇناسىۋەت قائىدىلىرى ۋە سۆھبەت ئۇسۇللىرى ھەققىدە» دېگەن بىر باب يېزىلىپ ئاققا كۆچۈرۈلدى ۋە شۇنداق كىيىم بىلەن ياساندۇرۇلدىكى، ناتىقلارغا ئەسقاتقۇدەك ۋە يازغۇچىلارنىڭ سۆز ماھارىتىنى ئاشۇرغۇدەك بولۇپ چىقتى. قىسقىسى، باغچىنىڭ گۈللىرى تېخى تۈگىمەي تۇرۇپلا گۈلىستان كىتابى يېزىلىپ بولدى. ئەمما، بۇ كىتاب جاھاننىڭ پاناھى بولمىش شاھنىڭ بارگاھىدا، يەنى خۇدانىڭ سايىسى، پەرۋەردىگار لۇتپىنىڭ نۇر ـ جۇلاسى، زاماننىڭ مەشھۇر كىشىسى، ئامانلىقنىڭ قورغانى، ئاسماندىن كۈچ ـ نۇسرەت تاپقان، دۈشمەنلەر ئۈستىدىن غالىب

چىققان، قۇدرەتلىك دۆلەتنىڭ قول - بىلىكى، دىنىنىڭ ئەڭ روشەن چىرىغى، ئىنسانلارنىڭ ھۆسن - جامالى، ئىسلامنىڭ پەخرى، سەئد ئىبنى ئاتابەك ئەئزەم، ئۇلۇغ شاھىنشاھ، خەلقلەرنىڭ خوجىسى، ئەرەب ۋە ئىران پادىشاھلىرىنىڭ ھامىيسى، قۇرۇقلۇق ۋە دېڭىزلارنىڭ سۇلتانى، سۇلايمان سەلتەنىتىنىڭ ۋارىسى، مۇزەففەرەددىن ۋەددۇنيا ئەبۇ بەكر ئىبنى سەئد ئىبنى زەنگى (ئاللا بۇ ئىككىيلەننىڭ بەخت - ئىقبالىنى ئۇزۇن قىلسۇن، ئۇلۇغلۇقىنى نەچچە ھەسسە زىيادە قىلسۇن، ئۇلارنىڭ بارلىق ئىشلىرىنىڭ ئاقىۋىتىنى خەيرلىك قىلسۇن!)نىڭ بارگاھىدا ئېتىبارغا ئىگە بولسا ھەممە ئۇ بۇ كىتابنى شاھلارغا خاس ئىلتىپات نەزىرى بىلەن ئوقۇپ چىقسا، ئاندىن ھەقىقىي پۈتكەن بولىدۇ.

بۇ كىتابقا بەرسە شاھنىڭ ئىلتىپاتى زىپ - بېزەك،
بولغۇسىدۇر چىن رەسىملەر ئۆيى[1]، ئەرژەڭ[2]نەقشىدەك.
زور ئۈمىد بار، شاھ سۆزۈمدىن زېرىكىپ باش تارتمىسا،
چۈنكى ھەرگىز بۇ گۈلىستان جاي ئەمەس زېرىككۇدەك.
مۇھىمى: دىباچەدە سەئد ئىبنى ئەبۇ بەكر زەنگىنىڭ[3]
قۇتلۇق نامى قەيت قىلىندى، بۇ سائادەتتىن دېرەك.

## 4

## ئادىل ئەمىر پەخرىددىن ئەبۇ بەكر ئىبنى ئەبۇ نەسرنىڭ گۈزەل ئەخلاقى بايانىدا

يەنە (شۇنىمۇ ئېيتىش كېرەككى) پىكرىمنىڭ كېلىنى ھۆسن - جامالسىزلىقتىن باش كۆتۈرۈپ تۇرالمايدۇ، ئۈمىدسىزلىك نەزىرىنى خىجىللىق ئايىغىنىڭ ئۈستىدىن ئالالمايدۇ

① چىن رەسىملەر ئۆيى — جۇڭگودىكى رەسىم - ھەيكەللەركە باي بۇددا ئىبادەتخانىسى.

② ئەرژەڭ — مانىلارنىڭ ئاجايىپ رەسىملەر بىلەن بېزەلگەن مۇقەددەس كىتابىنىڭ ئاپتورى ۋە رەسسامى.

③ سەئد ئىبنى ئەبۇ بەكر ئىبنى سەئد ئىبنى زەنگى — پارسىنىڭ ھۆكۈمدارى. ئۇ ياش چېغىدا (1258 - يىل) مەلۇم كېسەللىك سەۋەبى بىلەن ۋاپات قىلغان، بار - يوقى 12 كۈن پادىشاھلىق قىلغان. ئاپتور گۈلىستان كىتابىنى مۇشۇ كىشىگە بېغىشلىغان.



试读结束：需要全本请在线购买： www.ertongbook.com